# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 6 - بەتتە)

(4) ئېچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېچكى بازارنىڭ زاپاس كۈچىنى تولۇق قېزىش. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش - ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، ئىستېمال بىلەن سېلىنمىنىڭ ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىستېمالنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئاشۇرۇش. كۆپ يوللار ئارقىلىق ئاھالە كىرىمىنى كۆپەيتىش كېرەك. شەھەر - يېزىلارنىڭ ئوبوروت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا، تېز يوللانمىنىڭ يېزىلارغا كىرىشىنى تېزلىتىپ، ناھىيە - يېزىلارنىڭ ئىستېمالنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپتوموبىل، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق ئىستېمالنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، نەمكەش ئاپتوموبىل سودىسىغا قويۇلغان نامۇۋاپىق چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، زەرەتلەش قوزۇقى، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىش، ئېنېرگىيە باتارېيەسىنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك. ساغلاملىق، مەدەنىيەت، ساياھەت، تەنتەربىيە قاتارلىق مۇلازىمەت ئىستېمالىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ بازار ئىجازىتىگە قولايلىق يارىتىپ، ئېچكى - تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوخشاش لىنىيەدە، ئوخشاش ئۆلچەمدە، ئوخشاش سۈپەتتە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كىچىك دۇكان قاتارلىق خەلققە قولاي مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرتىپلىك يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «ئالاقە تورى+»دىن ياخشى پايدىلىنىپ، تور ئېچى، تور سىرتىدا تېخىمۇ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. يېڭى ھالەت، يېڭى ئەندىزىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىستېمالچىلارغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ قولاي - راھەت مۇلازىمەت ۋە مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. سۇپا كارخانىلىرىنى تىجارەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ھەققىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىشكە يېتەكلەش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىستېمال ئىقتىدارىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، ئىستېمال مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئاھالىلەرنى ئىستېمال قىلالايدىغان، ئىستېمال قىلىشنى خالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ئاشۇرۇش. بۇ يىل يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس زايومى 3 تىرىليون 650 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى، زايوم مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشقا ئالدىن مەدەت بېرىش، بۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش لازىم. مەركەز خامچوتى ئىچىدە 610 مىليارد يۈەن سېلىنما مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارغا داۋاملىق مەدەت بېرىلىپ، «ئىككى يېڭى، بىر مۇھىم» قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىر تۈركۈم قاتناش، ئېنېرگىيە، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى يولغا قويۇلىدۇ، ئۇچۇر تورى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلىدۇ، زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ مەنپەئەت يەتكۈزۈش دائىرىسى كەڭ خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىگە تېخىمۇ كۆپ مايىللىشىدۇ، شەھەر - بازارلاردىكى 53 مىڭ كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلىدۇ. مەبلەغ سېلىشنى تەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ قاتنىشىشىنى قوللاش سىياسىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ كىرىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك توسۇقلار يەنىمۇ بۇزۇپ تاشلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ساھەگە ئىجتىمائىي كاپىتال كىرەلەيدىغان، تەرەققىي قىلالايدىغان، ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

(5) يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەردە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كۈندىن باشلاپ بەش يىل ئۆتكۈنچى مەزگىل تەسىس قىلىپ، ئاساسلىق يار - يۆلەك بولۇش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەرىكەتچان كۆزىتىش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماھارەت تەربىيەسىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردا كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش، كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنى داۋاملىق يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرگە دائىملاشقان ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتىنى قاتلام، تۈرلەر بويىچە كۈچەيتىپ، كۆلەم بويىچە قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. غەربىي رايوندىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەردىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بويىچە نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بىر تۈركۈم ناھىيەلەرنى مەركەزلىك قوللاش كېرەك. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ھەمكارلىشىش ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەركەزدىكى ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئىچكى تەرەققىيات ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە داۋاملىق مەدەت بېرىش كېرەك.

ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ئاشلىق بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى ئۇرۇق بىلەن تېرىلغۇ يەر. ئەلا سورت بايلىقىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئەلا سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىشنى كۈچەيتىش، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېرىلغۇ يەرنى قوغداشنى كۈچەيتىش، تېرىلغۇ يەرنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا يەرگە ئۆزگەرتىۋېتىشنى قەتئىي چەكلەش، ئاشلىق تېرىلغۇ يېرىنى باشقا خىل يەرگە ئۆزگەرتىۋېلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئەقلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكى كەسپ بەلبېغى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈلگە رايونلىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارغا تولۇقلىما بېرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، شال، بۇغداينىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش، تولۇق تەننەرخ ۋە كىرىم سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش كېرەك. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، تېرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا تەمىنات ۋە باھانىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىق تېجەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. قورساق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئىش، بىز چوقۇم 1 مىليارد 400 مىليون ئادەمنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كۈچەپ كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك، ھەم شۇنداق قىلىشقا تامامەن قادىرمىز.

يېزا ئىسلاھاتى ۋە يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش. يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەمدە ئۇنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك، كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش، كەسپلەشكەن، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى مۇقىم ۋە سالماقلىق بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭىچە يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى، دۆلەت ئورمانچىلىق رايونىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارغا ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى ۋە ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ناھىيە تەۋەسىدە شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تۈزەش - ياخشىلاشنىڭ بەش يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يېزا - كەنتلەردە كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنى زورايتىش، يېزىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە مەدەت بېرىشنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. تۈرلۈك ئامىللار بىلەن يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا قىلىش كېرەك.

(6) يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، تاشقى سودا ۋە تاشقى مەبلەغنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش. تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا تېخىمۇ ياخشى قاتنىشىش كېرەك.

ئىمپورت - ئېكسپورتنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئوتتۇرا، كىچىك تاشقى سودا كارخانىلىرىنى كىرېدىت جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىش، ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىلاش ۋە تۆلەش شەرتىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىمنى قولايلاشتۇرۇش سىنىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پىششىقلاش سودىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كارخانىلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك بازارنى كېڭەيتىشنى قوللاش كېرەك. چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مۇلازىمەت سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. ئىمپورت بېجى سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشەپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت ئىمپورتىنى كۆپەيتىش كېرەك. سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىمپورت يەرمەنكىسى، گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى، مۇلازىمەت سودا يەرمەنكىسى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىستېمال بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى قاتارلىق چوڭ - چوڭ يەرمەنكىلەرنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتىنىڭ راۋانلىقىغا تۈرتكە بولۇش، پورت ھەققىنى ئېنىقلاپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ قولايلىقلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش. تاشقى مەبلەغ ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى يەنىمۇ قىسقارتىش كېرەك. مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرتىپلىك ئېچىۋېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇلازىمەتچىلىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۇنىۋېرسال سىناق نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، چېگرا ھالقىغان مۇلازىمەت سودىسى پاسسىپ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ ئىسلاھ قىلىش - ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشىنى كۈچەيتىپ، تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونى بىلەن ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ بىرتۇتاش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۈرلۈك تەرەققىيات رايونلىرى ئېچىۋېتىش سۇپىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئېچكى مەبلەغ كارخانىلىرى بىلەن تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك. بىز چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن چوڭ بازىرى ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇپ چىقىش. ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىنى سۇبيېكت قىلىشتا، بازارلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ مەنبەلەشكەن مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى كاپالىتىنى كۈچەيتىش، چوڭ - چوڭ تۈرلەر ھەمكارلىقىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ۋە رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. رايونلار ئومۇمىي ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنىڭ بالدۇراق كۈچكە ئىگە بولۇپ يولغا قويۇلۇشىنى، جۇڭگو - ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتىنىڭ مۇساپىسىنى تېزلىتىش، ئەتراپلىق ۋە ئىلغار بولغان، تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىگە قاتنىشىشنى پائال ئويلىشىش كېرەك. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭگو دۇنيادىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئورتاق پايدا ئېلىشنى خالايدۇ.

(7) بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەشنى ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇھىت سۈپىتىنى داۋاملىق ياخشىلاش. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يېشىل بولۇشقا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىش. ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇششاق دانچىلار ۋە ئوزوننى ھەمكارلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، شىمالىي رايونلاردا پاكىز ئىسسىتىش نىسبىتىنى 70%كە يەتكۈزۈش كېرەك. دەرياغا، دېڭىزغا بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى ۋە شەھەردىكى سېسىق، قارا سۇنى تۈزەپ، شەھەر - بازارلارنىڭ تۇرمۇش پاسكىنا سۇلىرىنى يىغىش ۋە سانائەت باغچىلىرىدا سانائەت كېرەكسىز سۇلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، تۇپراق بۇلغىنىشىنى مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشنى چىڭىتىش، يېزا ئىگىلىكنىڭ دائىرىلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. چەت ئەل ئەخلەتلىرىنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى داۋاملىق قاتتىق چەكلەش كېرەك. شەھەر - بازارلاردا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تېز يوللانما ئورالمىلىرىنىڭ يېشىل تىپقا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەتەرلىك تاشلاندۇق، داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى قوغداشقا تولۇقلىما بېرىش نىزامىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل مەنئى قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش بويىچە چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، قۇملىشىش، شېغىللىشىش ۋە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئىلمىي ئاساستا ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت زېمىنىنى كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، دېڭىز - ئوكيان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان يۇرت - ماكاندا سۈزۈك سۇ - كۆك ئاسمانلىق كۆرۈنۈشلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىمىز.

كاربون چىقىرىش چوققا قىممىتى ۋە كاربون نېيتراللاشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. 2030 - يىلىدىن ئىلگىرى كاربون چىقىرىش چوققا قىممىتى ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. كەسپ قۇرۇلمىسى ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. كۆمۈردىن پاكىز، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى ئېنېرگىيەنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، بىخەتەرلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا يادرو ئېلېكترىنى پائال، تەرتىپلىك راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مۇھىت قوغداش، ئېنېرگىيە ۋە سۇ تېجەش قاتارلىقلاردا كارخانىلارغا تاپاۋەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش كاتالوگى دائىرىسىنى كېڭەيتىش، يېڭىچە ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسى، جابدۇقلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش كەسپىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئېنېرگىيەدىن تېجەشلىك ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەملىكەت بويىچە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش ھوقۇقى، كاربون چىقىرىش ھوقۇقى سودا بازىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئېنېرگىيە ئىستېمالىنى قوش كونترول قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى قوللاش مەخسۇس سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كاربون چىقىرىش مىقدارىنى ئازايتىشنى قوللاش قورالى تەسىس قىلىش كېرەك. ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يەر شارى كەنتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدىكى جۇڭگو ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنيانىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

(8) خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ھەققىي ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىشقا، خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلايمىز.

مائارىپنى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ سۈپەتلىك راۋاجلاندۇرۇش. ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىمىز. مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ تەرەققىياتىنى ۋە شەھەر - يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز، يېزىلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تېز تولۇقلاپ، ئوقۇتقۇچىلار مائاشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلايمىز. يەسلى مائارىپىدا بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىمىز، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىدىكى يەسلى مائارىپى كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بالىلار باغچىسى قۇرۇشىنى قوللايمىز. تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدا مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىل تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىپ، ناھىيە دائىرىسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. كەسپىي مائارىپنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، مەكتەپ بىلەن كارخانىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، كەسپىي ماھارەت دەرىجە گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى چوڭقۇر يولغا قويىمىز. ئالاھىدە مائارىپ، داۋاملىق تەربىيەنى ياخشى يولغا قويۇپ، پۇقراۋى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايمىز ۋە قېلىپلاشتۇرىمىز. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەنلەرنى تۈرلەر بويىچە قۇرۇپ چىقىپ، پەن، كەسپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىمىز، ئاساس پەنلەر ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كىرىشمە پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردا ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىمىز. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز. تور مائارىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ھەمكارلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەكتەپ سىرتىدا تەربىيەلەشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق - ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، مائارىپتا ئادىل بولۇش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىمىز، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ۋە يېزىلارغا مايىللىشىش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، تىرىشىپ كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام، خۇشال - خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز. ھەربىر بالىنى كىشىلىك ھاياتىنى جۇلالاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىمىز.

سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ساغلاملىق سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىمىز، ئاممىۋى ساغلاملىق بويىچە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ۋە ماددىي ئەشيا كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ مۇقىم سېلىنما مېخانىزمىنى بەرپا قىلىمىز. روھىي ساغلاملىق ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىق مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىمىز. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى ۋە رايونلۇق داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كېڭەيتىمىز، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار ۋە يېزا دوختۇرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجە بويىچە داۋالاش سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىمىز. جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بويىچە چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويىمىز. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ دوختۇرخانا قۇرۇشىنى قوللاپ، «ئالاقە تورى + داۋالاش - ساغلاملىق»نى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. يېمەكلىك، دورا، ۋاكسىنىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز. كېلىشىپ داۋالاش قاتارلىق خەلققە قولايلىق تەدبىرلەرنى ياخشىلاپ، ئېغىر كېسەل، جىددىي، مۇرەككەپ كېسەللەرنى بالدۇرراق داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشىمىز. ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى خىراجىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مالىيە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنە 30 يۈەن ۋە بەش يۈەن كۆپەيتىمىز، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئۆلكىلەر بىرتۇتاش غەملەش، ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۆلكە ھالقىپ بىۋاستە راسچوت قىلىشقا تۈرتكە بولىمىز. ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىشتا ئورتاق ياردەملىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىش خىراجىتىنى بىرتۇتاش غەملىگەن فوندقا كىرگۈزۈپ ئاتچوت قىلىشنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرىمىز، قىس دورىلار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوزۇلما كېسەل، دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ دورىلىرى ۋە يۇقىرى قىممەتلىك داۋالاش خورىما ماتېرىياللىرىنى مەركەزلىك، كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، بىمارلارنىڭ دورا يۈكىنى يەنىمۇ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىمىز.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)